

# ب د ت بىلەن ئۇچرىشىش سەۋەبىدىن دۇچ كېلىدىغان ئۆچ ئېلىش خەۋپىنى باھالاش ۋە ئازايتىش

## كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ قورالى

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىغا نىسبەتەن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى (ب د ت) بولسا دەپسەندىچىلىك قىلمىشلىرىنى خاتىرىلەش ۋە ئەيىبلەش، زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىلارنىڭ گۇۋاھلىقلىرىنى ئورتاقلىشىش ۋە خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق كرىزىسلىرىغا خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ ئىنكاس قايتۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلىشتىكى مۇھىم بىر سۇپا.

كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى ب د ت نىڭ كىشىلىك ھوقۇققا دەخلى-تەرۇز قىلغان ھۆكۈمەت ياكى شەخسلەرگە قارشى چارىلەر كۆرۈش ۋە دۇنيا مىقياسىدا كىشىلىك ھوقۇق ئۆلچىمىنى ئىلگىرى سۈرۈش بويىچە توغرا قارار چىقىرىشىغا ئىمكان يارىتىدۇ.

**بىخەتەر ۋە توسالغۇسىز ھالدا ب د ت نى زىيارەت قىلىش ۋە ھەمكارلىشىش، ھەمدە ھەر قانداق شەكىلدىكى تەھدىت ۋە ئۆچ ئېلىشتىن خالىي بولۇش ھوقۇقى ئىككى ئاساسىي كىشىلىك ھوقۇقتۇر** ۋە شۇنداقلا ب د ت نىڭ خىزمىتى ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

ھالبۇكى، ب د ت بىلەن ئۇچراشقاندا ياكى ئۇچراشماقچى بولغاندا، نۇرغۇنلىغان كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى ۋە پۇقرالار جەمئىيىتى تەشكىلاتلىرى قورقۇتۇش ياكى ئۆچ ئېلىش ھەرىكەتلىرىگە دۇچ كېلىدۇ. بۇ ھۆكۈمەت، شىركەت ياكى باشقىلار تەرىپىدىن تەھدىت سېلىنىش، توردا تۆھمەتكە ئۇچراش ۋە ساياھەت چەكلىمىسى قويۇلۇش، غايىپ قىلىنىش ياكى خالىغانچە تۇتقۇنغا ئۇچراش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

> خەلقارا كىشىلىك ھوقۇق مۇلازىمەت تەشكىلاتى (ISHR) بۇ ساندانىدا ب د ت تەرىپىدىن خاتىرىلەنگەن ئۆچ ئېلىش دېلولىرىنىڭ ھەممىسىنى توپلىغان.



بۇ قىلمىشلار **ئۇلارنىڭ قاتنىشىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش** ياكى باشقىلاردا **قورقۇنچ پەيدا قىلىشنى** مەقسەت قىلغان بولۇشى مۇمكىن. ب د ت بىلەن ئۇچرىشىدىغانلار شۇنى ئېنىق بىلىشى كېرەككى، بۇ گەرچە شۇنداق مۇھىم بولسىمۇ، بۇنداي قىلىش ئۇلارنىڭ قورقۇتۇش ياكى ئۆچ ئېلىش خەۋپىگە دۇچار بولۇشىنى كۈچەيتىۋېتىشى مۇمكىن. چۈنكى ب د ت سىستېمىسى قارىماققا يىراقتەك تۇيۇلىدىغان بولغاچقا، كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرى بەزىدە ب د ت بىلەن ئۇچرىشىشتىن كېلىپ چىقىدىغان خېيىم-خەتەرنى تۆۋەن مۆلچەرلەيدۇ.

مەزكۇر چۈشەندۈرۈش ب د ت بىلەن ئۇچرىشىشنى خالايدىغان كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ **بۇ خېيىم-خەتەرلەرنى تېخىمۇ ياخشى باھالىشى ۋە ئازايتىشى** ئۈچۈن قورال ۋە تاكتىكىلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئەگەر سىز ب د ت بىلەن ئۇچرىشىشنى خالايدىغان كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىسى بولسىڭىز، بۇنى ئەستايىدىل ئوقۇپ چىقىڭ ھەمدە كەسىپداشلىرىڭىز بىلەن ئورتاقلىشىڭ!

> بۇلار ب د ت بىلەن ئۇچرىشىش سەۋەبىدىن ئۆچ ئېلىشقا ئۇچراشنى پەسەيتىش ۋە ھەل قىلىش ھەققىدىكى مەخسۇس قوراللار، ئەمما سىز ئۇلارنى كىشىلىك ھوقۇق خىزمىتىڭىزنىڭ باشقا ئەھۋاللىرىدىكى خېيىم-خەتەرلەرنى باھالاشقا ئىشلەتسىڭىزمۇ بولىدۇ!

ئۇنۇملۇك **خېيىم-خەتەر ئازايتىش ئىستراتېگىيىسىنى** يولغا قويۇش ئۈچۈن، سىز:

- ئەتراپلىق بولغان بىر **خېيىم-خەتەر باھالىمىسىنى** تۈزۈپ چىقىڭ، ئەڭ ياخشىسى ئۇنى كەسپداشلىرىڭىزنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتكۈزۈڭ ۋە دائىم يېڭىلاپ تۇرۇڭ؛
- ئۆزىڭىز قوبۇل قىلالايدىغان خېيىم-خەتەر دەرىجىسىنى بەلگىلەڭ؛
- ئاجىزلىقلىرىڭىزنى ئازايتىش ۋە ئىقتىدارىڭىزنى ئۆستۈرۈشنى مەقسەت قىلغان **جىددىي تاقابىل تۇرۇش پىلانىنى** تۈزۈڭ؛

# خېيىم-خەتەرنى باھالاش

**ب د ت بىلەن بولغان ھەر قانداق ئۇچرىشىشتىن بۇرۇن، سىز ھەممىشە خېيىم-خەتەرنى باھالىشىڭىز كېرەك.** بۇ سىزنىڭ كونكرېت، شەخسىي كونتېكىستىڭىزغا ئاساسەن كېلىپ چىقىشى مۇمكىن بولغان ئاقىۋەتلەرنى تەپسىلىي ئويلاپ چىقىشىڭىزغا ياردەم بېرىدۇ.

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بەلكىم **تۇغقانلىرىڭىز، خىزمەتداشلىرىڭىز، شېرىكلىرىڭىز** ۋە **تەشكىلاتلىرىڭىزمۇ** خېيىم-خەتەرگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن. خېيىم-خەتەرنى باھالىغاندا ئۇلارنى بىۋاستە ياكى ۋاستىلىك نىشان بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراڭ.

## ئەڭ ئاۋۋال، بىز دەۋاتقان «خېيىم-خەتەر» دېگەن نېمە؟

## خېيىم-خەتەر = تەھدىتلەر x ئاجىزلىقلار \ ئىقتىدار



**خېيىم-خەتەر** = تەھدىت كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان تەسىر ۋە ئېھتىماللىق (بۇ يەردە: ب د ت بىلەن ئۇچرىشىش ياكى ئۇچراشماقچى بولۇش كۆزدە تۇتۇلدۇ)

خەتەرنىڭ تەسىرى ۋە ئېھتىماللىقى سىزنىڭ كونتروللۇقىڭىزدا بولۇشى مۇمكىن بولغان ياكى مۇمكىن بولمىغان شەخسىي ۋە كونتېكست ئامىللىرىغا باغلىق.



**تەھدىتلەر** = سىزگە، خىزمەتداشلىرىڭىزغا، شېرىكلىرىڭىزگە ياكى تەشكىلاتىڭىزغا قارشى يۈز بەرگۈسى سەلبىي ۋەقەلەر

تەھدىت سىزنىڭ پائالىيىتىڭىزدىن مۇستەسنا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ (مەسىلەن: بۇ ھۆكۈمەت كۆپىنچە ب د ت بىلەن ئۇچرىشىدىغان شەخسلەرنى قولغا ئالىدۇ).



**ئاجىزلىقلار**
= سىزنى تەھدىتكە دۇچار قىلىدىغان ياكى ئۇنىڭ ئېھتىماللىقى ياكى تەسىرىنى ئاشۇرىدىغان سەلبىي ئامىللار.



**ئىقتىدارلار**
= تەھدىتكە ئۇچراش مۇمكىنچىلىكىڭىزنى ئازايتىدىغان ياكى ئۇنىڭ ئېھتىماللىقى ياكى تەسىرىنى تۆۋەنلىتىدىغان ئاكتىپ ئامىللار.

## **بىرىنچى قەدەم: يوشۇرۇن تەھدىتلەرنى باھالاش**

مەۋجۇت تەھدىتلەرنى ئېنىقلاپ چىقىڭ. تۆۋەندىكىلەرنى ئويلاشقان ئاساستا، ئەگەر ئۇلار يۈز بەرسە كېلىپ چىقىدىغان **تەسىرنى** ۋە بۇنىڭ يۈز بېرىش **ئېھتىماللىقىنى** باھالاڭ:



- **جىنايەتچىنىڭ تىپى**: تەھدىت بىر دۆلەت ئاكتىيورى، دۆلەت بولمىغان ئاكتىيور ياكى باشقا ئورۇنلاردىن كەلدىمۇ؟ ئۇ ئاكتىيورنىڭ ب د ت بىلەن ھەمكارلاشقانلارنى قورقۇتۇش ياكى ئۆچ ئېلىش خاتىرىسى بارمۇ (خەلقارا كىشىلىك ھوقۇق مۇلازىمەت تەشكىلاتى (ISHR) نىڭ ئۆچ ئېلىش ساندانىغا قاراڭ)؟
- **زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىنىڭ ئەھۋالى**: نىشانلانغانلار كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىنىڭ ئۆزىمۇ، ئائىلىسىمۇ ياكى ئۇلارنىڭ تەشكىلاتلىرىمۇ؟
- **تەھدىتنىڭ تەبىئىتى**: بۇ تەھدىت جىسمانىي، پسىخولوگىيىلىك، رەقەملىك، ئۇچۇر، ئابروي، سىياسىي، مۇھىت، ئىقتىسادىي، ئادەم كۈچى، ئارقا سەپ ياكى باشقا تەبىئەتلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟

تەھدىتلەرنىڭ مىسالى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئەمما بۇلار بىلەن چەكلەنمەيدۇ:

- تەھدىت ۋە قورقۇتۇش (توردا ۋە تور سىرتىدا)
- نازارەت قىلىش (تور ۋە تور سىرتىدا)
- تۆھمەت، توردا قارا سۈركەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ
- ساياھەت چەكلىمىسى
- قوغلاپ چىقىرىش ياكى ۋىزا بېرىشنى رەت قىلىش
- جىسمانىي ھۇجۇم
- تۇتۇپ تۇرۇش ۋە تۈرمىگە تاشلاش
- غايىپ قىلىۋېتىش، تۇتقۇن قىلىش
- جىنايى ئىشلار بويىچە تەكشۈرۈش ۋە ئەيىبلەش
- مال-مۈلۈك زىيىنى، تۇيۇقسىز ھۇجۇم قىلىش، ئاقتۇرۇش ۋە مال-مۈلۈكنى مۇسادىرە قىلىش
- كەسىپكە مۇناسىۋەتلىك ئۆچ ئېلىش
- تۇغقانلىرى، خىزمەتداشلىرى ياكى دوستلىرىنى نىشانلاش
- مەمۇرىي ئۆچ ئېلىش
- ب د ت مۇتەخەسسىسى ياكى مېخانىزمى بىلەن ئۇچرىشىشنى چەكلەش
- ب د ت مۇئەسسەسەلىرىگە كىرىشنى چەكلەش
- تۇتۇپ تۇرۇش شارائىتىنىڭ ناچارلىشىشى

## **ئىككىنچى قەدەم: ئاجىزلىقلىرىڭىز ۋە ئىقتىدارلىرىڭىزنى باھالاش**



سىزنىڭ مەۋجۇت ئاجىزلىقلىرىڭىز ۋە ئىقتىدارلىرىڭىز رەقەملىك، ئۇچۇر، جىسمانىي، تەشكىلىي، قانۇنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، پسىخىكىلىق، ئارقا سەپ ياكى ئىقتىسادقا ئائىت بولۇشى مۇمكىن. كۆپىنچە ھاللاردا، بىرى يەنە بىرىنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ (مەسىلەن، بىر ئاجىزلىق بەلكىم «مېنىڭ ئادۋوكات بىلەن كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىم يوق» بىلەن بىر ئىقتىدار «مېنىڭ ئادۋوكات بىلەن كۆرۈشۈش ئىمكانىيىتىم بار» بولۇشى مۇمكىن).

تۆۋەندىكى جەدۋەلنى ئىشلىتىپ تەھدىتلىرىڭىزنى تىزىپ چىقىڭ:

## مۈمكىنچىلىكى

تەسىرى

| | تۆۋەن | ئوتتۇرا | يۇقىرى | ئىنتايىن يۇقىرى |
|---|---|---|---|---|
| تۆۋەن | | | | |
| ئوتتۇرا | | | | |
| يۇقىرى | | | | |
| ئىنتايىن يۇقىرى | | | | |

تۆۋەندىكى جەدۋەلنى ئىشلىتىپ ئاجىزلىقلىرىڭىز ۋە ئىقتىدارلىرىڭىزنى باھالاڭ:

| | ئاجىزلىقلار | ئىقتىدارلار |
|---|---|---|
| رەقەملىك | مەسىلەن: بىخەتەر بولمىغان ئۈسكۈنىلەر؛ ئىنتېرنېت ياكى تېلېگراف ئالاقىسى بولماسلىق؛ بىخەتەرلىك سىياسىتىنىڭ تەكشى ئىجرا قىلىنماسلىقى؛ IT ۋە رەقەملىك بىخەتەرلىك بىلىملىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى. | مەسىلەن: يېڭىلانغان IT ئۈسكۈنىلىرى؛ رەقەملىك بىخەتەرلىك بىلىملىرى؛ تەربىيەلەشكە ئېرىشىش. |
| ئۈچىنچى تەرەپ | مەسىلەن: ئىنتايىن سەزگۈر ئۈچۈرلارغا ئىگە بولۇش. | مەسىلەن: ئىنتايىن سەزگۈر ئۈچۈرلارنى توردا ۋە تور سىرتىدا قوغداشنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە ۋاستىلىرى. |
| جىسمانىي | مەسىلەن: سالامەتلىك ئەھۋالى، جۇغراپىيىلىك مۇھىت، ئىجدىمائىي كاپالەت ۋە ساغلاملىق ياردىمى كەمچىللىكى. | مەسىلەن: سالامەتلىكى ياخشى بولۇش؛ يېتەرلىك داۋالىنىش شارائىتىغا ئىگە بولۇش. |
| تەشكىلىي | مەسىلەن: تەشكىلىي تۈزۈمنىڭ كەمچىللىكى؛ قانۇنىي سالاھىيەتنىڭ كەمچىللىكى؛ ساغلام بولمىغان خىزمەت مۇھىتى؛ جىددىي تاقابىل تۇرۇش پىلانىنىڭ بولماسلىقى؛ ئىشخانا بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى(كامېرا، قۇلۇپ...). | مەسىلەن: ئورۇننىڭ بىخەتەرلىكى؛ يەرلىك ۋە دىپلوماتىك ئالاقىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان جىددىي ئالاقىلەر؛ مەۋجۇت بىخەتەرلىك پىلانى. |
| قانۇنىي | مەسىلەن: قانۇن بىلىملىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى؛ ئادۋوكاتقا ئېرىشىش كەمچىل بولۇشى؛ تەرتىپسىز كۆچۈش ئەھۋالى؛ ساياھەت ھۆججەتلىرىنىڭ كەمچىل بولۇشى. | مەسىلەن: ئادۋوكاتلارغا ئېرىشىش؛ پۇقرالىق ھوقۇقىڭىز ۋە كىشىلىك ھوقۇقىنى قوغدىغۇچىلىرىنىڭ خەلقئارا قوغداش رامكىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان قانۇنىي كونتېكىست بىلىمىڭىز. |
| سىياسىي | مەسىلەن: مەسىلىنىڭ سەزگۈرلۈكى؛ دۆلەت تەۋەلىكى؛ سىياسىي ۋە قانۇنىي كونتېكىست (قانۇنىي چەكلىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)؛ دىپلوماتىك ياكى باشقا خەلقئارالىق قوللاشنىڭ كەمچىل بولۇشى؛ جامائەتتىكى كۆرۈنۈش دەرىجىسى كەمچىل بولۇشى ياكى ئەكسىچە، كۆرۈنۈشى بەك كۆپ بولۇشى. | مەسىلەن: دىپلوماتىك ياكى باشقا خەلقئارالىق قوللاشقا ئېرىشىش؛ ئاۋام ئارىسىدا كۆرۈنەرلىكمۇ بىر ئىقتىدار، قوغداش رولىنى ئوينىيالىسىلا (كونتېكىستكە باغلىق). |
| ئىجتىمائىي | مەسىلەن: جىنس، SOGIESC (جىنسىي مايىللىقى، جىنس كىملىكى، جىنسىي ئىپادىلىنىشى ۋە جىنسىي ئالاھىدىلىكى)، ئىرقى، مىللىتى، دىنى، ئىقتىسادىي ئورنى ياكى سىز تۇرۇۋاتقان جەمئىيەت ياكى جەمئىيەتتىكى كەمسىتىشنىڭ باشقا سەۋەبلىرى؛ تىل توساالغۇلىرى؛ قوللاش تورىنىڭ كەمچىل بولۇشى؛ ئەگەر سىز مۇھاجىر بولغان بولسىڭىز، ئائىلىڭىزنىڭ يەنىلا دۆلەت ئىچىدە بولۇشى؛ ئائىلە ياكى جەمئىيەت ئىچىدىكى ئىشەنمەسلىك. | مەسىلەن: يەر يۈزىدە ياكى توردا قوللاش تورىنى زىيارەت قىلالىشى؛ تىل بىلىملىرى؛ تۇغقانلىرى ۋە ئىشەنچلىك كىشىلەرنىڭ قوللىشى. |
| پسىخىكىلىق | مەسىلەن: تەشۋىشلىنىش؛ بېسىم ياكى قورقۇنچنى باشقۇرالماسلىق؛ جاراھەتتىن كېيىنكى بېسىم قالايمىقانچىلىقى (PTSD) ۋە باشقا روھىي/پسىخولوگىيىلىك ئەھۋاللار؛ يېتەرلىك پسىخىكا جەھەتتىن قوللاش ۋە داۋالاشقا ئېرىشەلمەسلىك؛ تۇراقسىز ھېسسىيات ھالىتى؛ قالايمىقان تۇرمۇش ئامىللىرى (ئائىلە، كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتارلىقلار)؛ كىملىك بەلگىلىرى. | مەسىلەن: بېسىم ۋە قورقۇنچنى كونترول قىلالايدىغان بولۇش؛ قەرەللىك ياكى تەرتىپلىك بولغان يېتەرلىك پسىخىكا جەھەتتىن قوللاشقا ئېرىشىش؛ سالامەتلىك ئادىتى؛ قوللاش گۇرۇپپىلىرى؛ ئۆزىنى بويۇنتۇرۇقتىن چىقىرىشقا رۇخسەت قىلىش. |
| ئارقا سەپ | مەسىلەن: ساياھەت سۇغۇرتىسىنىڭ كەمچىل بولۇشى (ئايروپىلان ۋە ياتاق)؛ ۋىزا ئېنىقسىزلىقى | مەسىلەن: ساياھەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن قوللاش. |
| ئىقتىسادىي | مەسىلەن: سىجىل كىرىم مەنبەسىنىڭ كەمچىل بولۇشى؛ جىددىي تاقابىل تۇرۇش مەبلىغىنىڭ كەمچىل بولۇشى؛ ئىئانە قىلغۇچىغا تايىنىپ قېلىش. | مەسىلەن: تاسادىپىي ۋەقەلەرنى ھەل قىلىشنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېتەرلىك مالىيە مەنبەسى؛ كىشىلىك ھوقۇق قوغدىغۇچىلىرىغا جىددىي ياردەم بېرىش بىلىملىرى. |

# خېيىم - خەتەرنى ئازايتىش

خېيىم-خەتەرنى باھالاشنى تاماملىغىنىڭىزدىن كېيىن، ھازىر **خېيىم-خەتەرنى ئازايتىش ئىستراتېگىيىڭىزنى** پىلانلاشنى باشلىسىڭىز بولىدۇ، بۇ **ئاجىزلىقلىرىڭىزنى ئازايتىش، ئىقتىدارىڭىزنى ئاشۇرۇش** ۋە **سىز پەرق ئەتكەن خېيىم - خەتەرلەرنى ھەل قىلىش** پىلانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

خېيىم-خەتەرنى ئازايتىش ئىستراتېگىيىڭىز ھېچ بولمىغاندا يۇقىرى تەسىر كۆچى ۋە\ياكى يۇقىرى ئېھتىماللىق بىلەن بارلىق خېيىم-خەتەرلەرنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك.

> ئەگەر ئارتۇق ۋاقتىڭىز ۋە بايلىقىڭىز بولسا، ئوتتۇرا\تۆۋەن ئېھتىماللىق ۋە\ياكى تەسىر كۆچى بار باشقا تەھدىتلەرگە قارشى بارلىق تەدبىرلەرنى قوللىنىشنى ئويلىشىپ كۆرۈڭ.

ئالدى بىلەن، خېيىم-خەتەر باھالىشىڭىزنى قايتا تەكشۈرۈپ، قايسى تەھدىتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇۋاتقانلىقىڭىزنى ئېنىقلاڭ، بۇ تەھدىتكە مۇناسىۋەتلىك قايسى ئاجىزلىقلارنى ئازايتىشنى خالايدىغانلىقىڭىزنى ۋە ئازايتالايدىغانلىقىڭىزنى، ھەمدە قايسى ئىقتىدارلارنى خالايدىغانلىقىڭىز نى ۋە تەرەققىي قىلدۇرالايدىغان ياكى ئۆستۈرەلەيدىغانلىقىڭىزنى ئېنىقلاڭ.

تەھدىت يۈز بېرىشىنىڭ **ئالدىنى ئېلىش** تەدبىرلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

- **ئۈۋقتۇرۇڭ ۋە پىلانلاڭ:** پائالىيەتلىرىڭىز ھەققىدە كىمگە ئۇقتۇرۇش قىلىدىغانلىقىڭىزنى ھەمدە ئەگەر بىرەر مەسىلە كۆرۈلسە ئۇلارنىڭ كىم بىلەن ئالاقىلىشىدىغانلىقىنى قارار قىلىڭ.
- **خېيىم-خەتەرلەرنى مۇزاكىرە قىلىڭ:** ئەگەر سىز قىلالمىسىڭىز تۇغقانلىرىڭىز ۋە شېرىكلىرىڭىزنىڭ نېمە قىلىشى، كىم بىلەن ئالاقىلىششى توغرىسىدا پاراڭلىشىڭ.
- **ئاجىزلارنى قوغداڭ:** تەھدىت ئاستىدىكى تۇغقانلىرىڭىز ياكى شېرىكلىرىڭىزنىڭ بىخەتەر جايدا بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىڭ.
- **ھەق-ھوقۇقلىرىڭىزنى بىلىۋېلىڭ:** ئەگەر تۇتۇپ تۇرۇلسىڭىز ياكى قولغا ئېلىنسىڭىز بېشىڭىزغا نېمىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىنى چۈشىنىڭ.
- **قانۇني ياردەم تەييار تۇرسۇن:** ئالدىنئالا بىر ئادۋوكات ياكى قانۇنى بىر ئالاقداشنى بېكىتىڭ.
- **ياردەم تورى قۇرۇڭ:** تاپاۋەت قىلمايدىغان خەلقئارالىق ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ب د ت مېخانىزملىرى ياكى باشقا تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقىلىشىڭ.
- **فىزىكىلىق ۋە تور بىخەتەرلىك قوراللىرىنى ئىشلىتىڭ:** مەۋھۇم شەخسىي تور( VPN) تاللانمىلىرى، پارول باشقۇرغۇچى ۋە باشقا رەقەملىك بىخەتەرلىك قوراللىرى، كامېرا شۇنداقلا باشقا فىزىكىلىق ئۇسكۇنىلەرنى ئويلىشىپ كۆرۈڭ.

ئاندىن، گەرچە خېيىم - خەتەرنى ئازايتىش ئۈچۈن پۈتۈن كۈچىڭىز بىلەن تىرىشقان تەقدىردىمۇ، بۇ تەھدىتلەر رېئاللىققا ئايلىنىپ قالسا قوللىنىدىغان بىر **جىددىي** تاقابىل **پىلانى** تۈزۈڭ.

> **مۇھىم:** ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، «نۆل خېيىم - خەتەر» ئۇسۇلى يوق: ئۇنىڭ ئورنىغا، بۇ قوراللارنى ئىشلىتىپ، ب د ت بىلەن بولغان ئۇچرىششتا قانچىلىك دەرىجىدىكى خېيىم - خەتەرگە تەۋەككۇل قىلالايدىغانلىقىڭىز ۋە بۇ خېيىم-خەتەرلەرنى ئازايتىش تاكتىكىڭىزنى بېكىتىڭ.

تەھدىتلەر يۈز بەرگەندىكى **قوغداش** تەدبىرلىرى تۆۋەندىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ (شەخسىي ياكى ئاممىۋى تەدبىرلەرنىڭ قايسىسىنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك بولىدىغانلىقىنى ئويلىشىڭ):

- **تەھدىتلەرنى دوكلات قىلىڭ:** ئەگەر بىخەتەر بولسا يەرلىك ساقچى، دۆلەت ئورگانلىرىغا ياكى ب د ت بىخەتەرلىك خادىملىرىغا شىكايەت قىلىڭ.
- **توردىكى تەھدىتلەرنى دوكلات قىلىڭ:** سىزگە سېلىنغان پاراكەندىچىلىكلەرنى ئىجتىمائىي تاراتقۇ شىركەتلىرىگە دوكلات قىلىڭ.
- **مۇھىم ئالاقداشلارنى ئاگاھلاندۇرۇڭ:** ياردەم بېرەلەيدىغان ئەلچىخانىلار، ئاخبارات ئورۇنلىرى، جامائەت رەھبەرلىرى، ئاممىۋى تەشكىلاتلار، ژۇرنالىستلار ۋە باشقىلارنىڭ تىزىملىكىنى ساقلاڭ (پائالىيەتچىلەرنى قوغداش ھەققىدىكى [دىپلوماتىك كۆرسەتمىلەر](#) ئارقىلىق).
- **يەرلىكتىن ياردەم ئىزدەڭ:** دۆلەتلىك كىشىلىك ھوقۇق ئورگانلىرى، رۇيزىيە ئىشخانىلىرى ۋە قوغداش مېخانىزمى بىلەن ئالاقىلىشىپ، ياردەم تەلەپ قىلىڭ.
- **ئالاقە تورىڭىزغا ئۇقتۇرۇڭ:** سىز ئەزا بولغان كىشىلىك ھوقۇق تەشكىلاتلىرى ياكى ئالاقە تورىغا ئۇقتۇرۇش قىلىڭ ھەمدە ئۇلارنىڭ ياردەم بېرىش ئۇسۇلىغا قوشۇلۇڭ.
- **جىددىي ياردەم:** خەتەرگە يولۇققان كىشىلەرگە ياردەم قىلىدىغان گۇرۇپپىلارنىڭ ئالاقىلىشىش ئۇچۇرلىرىنى توپلاڭ ۋە ئۇلارنىڭ سىزگە ياردەم قىلىشى ئۈچۈن ئۇلارغا نېمە لازىملىقىنى بىلىۋېلىڭ.

**مۇھىم:** ئەگەر سىز ب د ت بىلەن ئۇچراشقانلىقىڭىز ئۈچۈن قورقۇتۇش ياكى ئۆچ ئېلىشنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىڭىز، ب د ت نىڭ ئاشۇ دېلولارنى ئاشكارە ياكى يوشۇرۇن قوبۇل قىلالايدىغان ۋە بىر تەرەپ قىلالايدىغان نۇرغۇن مېخانىزملىرى بار. تەپسىلاتى ئۈچۈن بۇ يەرنى چېكىڭ، ئىككىلەنمەستىن خەلقارا كىشىلىك ھوقۇق مۇلازىمەت تەشكىلاتى(ISHR) بىلەن ئالاقىلىشىپ ياردەم تەلەپ قىلىڭ.

## ئەمدى نۆۋەت سىزگە كەلدى: جىددىي تاقابىل تۇرۇش پىلانىڭىزنى تەييارلاڭ!

| تەھدىتلەر | ئىقتىدارلارنى ئاشۇرۇش ۋە ئاجىزلىقلارنى ئازايتىش تەدبىرلىرى | ئەگەر تەھدىت يۈز بەرسە جىددىي تاقابىل تۇرۇش تەدبىرلىرى |
|---|---|---|
| | | |
| | | |
| | | |
| | | |
| | | |
| | | |

**مۇھىم:** بىز سىزنىڭ ئىشەنچلىك تونۇشلىرىڭىز ياكى كەسپداشلىرىڭىز بىلەن خېيىم-خەتەر باھالىشىڭىز ۋە جىددىي تاقابىل تۇرۇش پىلانىڭىزنى مۇزاكىرە قىلىشىڭىزنى ۋە بىرلىكتە كۆزدىن كەچۈرىشىڭىزنى تەۋسىيە قىلىمىز. ئەمما ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ، بۇلار شەخسكە كۆرە بولىدۇ ۋە كونتېكىستكە تايىنىدۇ: ھەر بىر شەخس ياكى تەشكىلاتنىڭ ئوخشىمايدىغان خېيىم-خەتەر ئەھۋالى بولىدۇ.

**مەنبەلەر:**
ئالدىنقى سەپ قوغدىغۇچىلىرى (Front Line Defenders)، ئەركىنلىك_سارىيى(Freedom House)، ب د ت كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشى ئىشخانىسى (OHCHR)، خەلقئارا ھىمايە (Protection International)